# كۆڭۈل باشلىغان يول

(ھېكايە)

ئابلىز مۇراتجان

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# كۆڭۈل باشلىغان يول

ئوقۇشۇم ئاخىرى تۈگىدى. ئۆيۈمگە قايتىدىغاننىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ يۈرگەن كۈنلەر بولغاچقا ناھايىتى خۇشال ئىدىم. نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيدىكىلەرگە سوۋغا - سالام ئېلىپ، يۈك - تاقلىرىمنى تەييار قىلىپ، ئۆيگە كېتىشىمنىڭ تەييارلىقى بىلەن ھەلەك ئىدىم. ئاتا - ئانامنى، دوست - بۇرادەرلىرىمنى كۆرۈشنىڭ خۇشاللىقىدا يۈرىكىم ئويناپ، ناخشا ئېيتقۇم كېلىپلا تۇراتتى.

«ئۆگۈنلۈككە ماڭىمەن» دېگەن كۈنى ئانامدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. مەن خۇشال ھالدا تېلېفوننى ئېلىپ:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانا! قانداق ئەھۋالىڭىز؟ دادام‌لار ياخشىمۇ؟ قاراڭ ئانا، مەن بۈگۈن ئۆيگە كېتىدىغان بولدۇم. ئوقۇشۇم تۈگىدى... - دەپ تۇرۇشۇمغا تېلېفوندىن يىغا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى.

شۇ دەقىقىدە قانداقتۇر بىر شۇملۇق كۆڭلۈمگە سايە تاشلاپ، يۈرىكىم ئاغىدى. گەپتىن توختاپ جىممىدە تۇردۇم. يىغا ئاۋازىنى قايتا دەڭسىدىم، «خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ يا...» دېگەنلەرنى ئويلاپ، جىممىدە تۇرۇپ قۇلاق سالدىم. توغرا، سەزگۈلىرىم مېنى ئالدىماپتۇ، ئانام ھەقىقەتەن يىغلاۋېتىپتۇ. ئانامنىڭ يېنىدا يەنە ئاللىكىملەرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلاۋېتىپتۇ.

- نېمە بولدىڭىز ئانا؟ نېمىشقا يىغلايسىز؟ گەپ قىلىڭە، زادى نېمە ئىش بولدى؟...

ئانام سورىغان سۇئاللىرىمنى جاۋاپسىز قالدۇرۇپ، يەنىلا مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ گەپ قىلمىغانسېرى جىددىيلىشىپ، تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. پۈتۈن ھۇجۇدۇم قۇلاققا ئايلىنىپ، تېلېفوندىن بىر سادا كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىم.

ئانام بىر ھازا مىشىلداپ يىغلىدى، ئاندىن ئېغىر بىرنى تىنىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى:

- بالام، يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان بولساڭ ئارتۇق گەپ قىلىپ كۆڭلۈڭنى بىسەرەمجان قىلماي. كەلگەن ۋاقتىڭدا كۆرۈشەيلى...- دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ جىددىيلىكىم ھەسسىلەپ كۈچەيدى. شۇ تاپتا يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتىم.

- ياق، ياق ئانا، ماڭا دەپ بېرىڭ، زادى نېمە ئىش بولدى؟ مېنى بۇنداق ئەنسىرەتمەڭ جېنىم ئانا... گەپ قىلسىڭىزچۇ!...- دېدىم مەن يىغلامسىراپ تۇرۇپ. ئانام:

- بولدى بالام، كەلگەندە بىلسەڭمۇ بولىدۇ. بەربىر بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، سەن بىلسەڭمۇ ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيسەن...- دېگىنىچە يەنە ئىسسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ھال مېنى

- ئادەمنى بۇنداق قىينىماي گەپ قىلسىڭىزچۇ! زادى نېمە ئىش بولدى؟ زەردە بىلەن ۋارقىراپ سالغىنىمنى شۇ گەپنى دەپ بولۇپ ھېس قىلدىم. بىراق ئانام گەپ قىلماي يىغلاۋەرگەچكە ھەقىقەتەن تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم. ئانام يىغىدىن ئۆزىنى توختىتالمىغان ھالدا:

- سېنىڭ دۇنيالىقتىكى بىردىن - بىر ئاغىنەڭ... ئەڭ يېقىن دوستۇڭ ئادىل... ئۇ... ئۇ بىزنى تاشلاپ كەتتى... بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى...- دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى گەپلەر قۇلىقىمغا كىرمىدى، ئانام يەنە نېملەرنى دېدى، بۇنى ئىلغا قىلالمىدىم. بىراق قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرىغان بۇ گەپلەرگە ئىشىنىشكە ئامالسىز ئىدىم. يۇرتقا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش، ئۇزۇندىن بىرى يىغىلىپ قالغان گەپلىرىمىزنى دېيىشىپ، مەھەللىمىزنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن تەڭ نەپەس ئېلىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغان ئىدىم ھە؟! ئۇنىڭغا ئالغان سوۋغاتلارنى ئۆز قولۇم بىلەن بېرىپ، خۇشاللىقىغا تەڭ جۆر بولماقچى ئىدىمغۇ!؟ ئەمما ئانام ئۇنى «بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى» دەۋاتىدۇ. بۇ «ئۆلدى» دېگەن گەپقۇ؟! ئۇ قازا قىلغانمىدۇ؟ ياكى...

تېلېفوننى قانداقلارچە قويۇۋەتتىم، ياكى ئانام گېپىنى دەپ بولۇپ ئۆزى قويۇۋەتتىمۇ، بىلمەيمەن. ئېسىمگە كەلگەن چېغىمدا قولۇمدا تېلېفون ئەمەس، بەلكى ئادىلغا ئاتاپ سېتىۋېلىپ، ئۇزۇندىن بىرى يېنىمدا ساقلاپ كەلگەن ئىككى تۇپ توغراق تۇراتتى. گەرچە ئۇ ھەقىقىي توغراق بولمىسىمۇ، توغراققا ئوخشىتىپ ياسالغان مودېل ئىدى. بۇ ئىككى تۇپ توغراق بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ ئۆسكەن ھالەتتە بولۇپ، مېنىڭ نەزىرىمدە ئادىل بىلەن ئىككىمىزگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

ئانامنىڭ گەپلىرى ئېنىقمىدا بار، بىراق ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، چۈنكى ئادىلدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. تۇيۇقسىز كاللامدا چاقماق چاققاندەك بىر خىيال پەيدا بولدى.

«كېتىش كېرەك، تېزدىن يۇرتقا كېتىش كېرەك. ھەر قانچە بولسىمۇ ئانام بۇنداق ئىشقا چاقچاق قىلماس... ئەجەبا راستىنلا...»

ئويلاپ شـۇ يەرگە يەتكەندە دەررۇ يولغا چىقىش نىيىتىگە كەلدىم ۋە قولۇمدىكى بىر جۈپ توغراق مودېلىنى ئالدىراپ سومكامغا سالدىم. ئاندىن تەييار بولغان نەرسىلىرىمنى ئېلىپ، تەييارسىزلىرىنى شۇ پېتى قويۇپلا يولغا چىقتىم.

جىددىيچىلىك ئىچىدە بېكەتكە يېتىپ كەلدىم، سۇرۇشتۇرسەم يۇرتقا بارىدىغان ماشىنىدىن بىرسىلا قاپتۇ. مەن يۈك ـ تاقلىرىمنى يۈلۈچىلار كۈتۈش زالىدىكى ئورۇندۇقلاردىن بىرىگە ئورۇنلاشــتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، بېرىپ بىلەت ئالدىم. بىراق ماشــىنا يەنە ئىككى ســائەتتىن كېيىن ماڭىدىغان بولغاچقا، ۋاقتنى كۈتۈش زالىدا ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. ئەمما بۇ ئىككى سائەت مەن ئۈچۈن خۇددى ئىككى يىلدەك ئۇزاق بىلىنىپ، تولىمۇ تەسلىكتە ئۆتتى.

ئاخىرى يولغا چىقتۇق. ماشــــىنا يەڭگىل تەۋرىنىپ ماڭماقتا ئىدى. ئىختىيارســـىز باللىقىمدىكى دەملەر خۇددى كىنو لىنتىســــىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشــــكە باشـــلىدى. ئادىل ئىككىمىزنىڭ مەھەللىمىزدىكى توپىلىق يولدا قوغلىشـــــىپ ئوينىغانلىرىمىز، ئىگىســـــى ئۇخلاپ قالغان قوغۇنلۇققا ئوغرىلىققا كىرگىنىمىز، قوغۇننىڭ ئىگىســـــى ئويغىنىپ كېتىپ، بىزنى تۇتىۋېلىپ توغراققا باغلاپ قويغانلىرى، ئۆمۈرلۈك جانجىگەر دوستلاردىن بولۇپ ئۆتۈش ھەققىدە بېرىشكەن ۋەدە ـ قەسەملىرىمىز، ھەتتا ئاكا ـ ئۇكا بولۇشــۇپ يۇرگەنلىرىمىز خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشــتەكلا ئېســمدە ئىدى. تېخى ئۇنىڭ «ئاداش، ئاتا ـ ئانىمىزغا دەپ قويايلى، بىز ئۆلگەندە ئىككىمىزنى بىر يەرلىككە قويســۇن» دېگەندەك غەلىتە، ئەمما ئىنتايىن سۆيۈملۈك گەپلىرى بار ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىز چوڭ بولۇپ، ياشــلىق مەۋســۈمگە قەدەم قويدۇق. مەن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىم. ئادىل بولســا ئائىلە ئىقتىسادى سەۋەبىدىن، يەنە كېلىپ ئاتا ـ ئانىسى كېسەلچان بولغاچقا تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇشتىن توختىدى. مەن تولۇق ئوتتۇرىنى شەھەردە تاماملىدىم. ئۇ چاغدا ھەر ھەپتىدە كۆرۈشۈپ تۇرالايتتۇق، لېكىن ئالىي مەكتەپ چاقىرىقى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بېيجىڭغا بىر كەتكەنچە ئالتە ئاي بولغاندا ئاندىن كېلەلىدىم. مەن كەلگەندە ئادىل باشقا شەھەرگە ئىشلىگىلى چىقىپ كەتكەن ئىكەن. تېلېفۇندا ئالاقىلىشاي دېسەم، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ تېلېفۇن نومۇرىنى بىلمەيدىكەن. تاكى تەتىل توشۇپ، مەن مەكتەپكە قايتقۇچىمۇ ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدىم.

شـۇ كۆرۈشــمىگەنچە، ئارىدىن ئىككى يېرىم يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ جەرياندا ئۆزىنى كۆرۈشــكە تەقەززا بولغان، ئەمما ئىمكانىيەت بولمىغان دوستۇمنىڭ مانا بۈگۈن شۇم خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. بۇرۇنقى شۇ گۈزەل ئەســــلىملەر قوينىدا بىر دەمگىنە ئەيلەيلەنگەن بولســــامۇ، ئەمدىكى ھاياتىمدا، رېئال تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھەمدە ماڭا شۇم خەۋەر بولۇپ يېتىپ كەلگەن بۇ ئىشنى قوبۇل قىلىش ماڭا

ھەقىقەتەن قېيىن بولۇۋاتاتتى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا قانچە تىرىشقان بولسامۇ بۇ مۇسىبەت ماڭا بەكلا ئېغىر كەلدى. چوپ ـ چوڭ يىگىت بولۇپ قالغىنىمغا قارىماي، كۆز يېشىمنى توختىتالمىدىم.

شۇنداق قىلىپ، **24** سائەتكە سوزۇلغان ئۇزۇن سەپەرنى مىڭ جاپادا تاماملاپ ئۆيگىمۇ كەلدىم. لېكىن، شۇنچە ئالدىرىغىنىمغا چۇشلۇق ئادىلنىڭ مېيىت نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىدىم. ئۆيگە كىرگىنىمدە ئانام، دادىملا يوق ئىكەن. مەنمۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئۆيگە تا شلاپ قويۇپلا دەرھال ئادىلنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدىم.

بىلىگە ئاق باغلىۋالغان ئەرلەر، بېشىغا ئاپئاق ئۇزۇن ياغلىقلارنى تاشلىۋالغان ئاياللار ئادىلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىم بىلەن ھويلا ئىچىدىن يىغا ـ زارە ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ يۈرىكىمنىڭ قات ـ قاتلىرىدىن ئازاب، سېغىنىش، ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل دەرتلىك پىغان ئۆرلەپ، ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا قىستىدى. جانجىگەر دوستۇمغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى ۋە مۇسىبەت قايغۇسى ئىچىدە چاناققا سىغماي قۇتراۋاتقان كۆز يېشىمنى مەيلىگە قويۇۋەتتىم...

ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىدە يوغان بىر تۈپ سۆگەت دەرىخى بولىدىغان. بۇ بەكلا قېرى سۆگەت بولۇپ، باراقسان ئۆسكەن شاخلىرى ھەريان يېيىلىپ، خېلى كەڭرى دائىرىگىچە سايە تاشلايتتى. بۇ سۆگەت تۈۋى ئادىل ئىككىمىزنىڭ تالاي ئەسلىملىرىمىز ۋە باللىقىمىزنىڭ شاھىدى، شۇنداقلا مۇھىم ئىشلىرىمىزنى مەسلىھەتلىشىدىغان، دەرتلىرىمىزنى تۆكۈشۈپ، ھال ـ مۇڭ بولۇشىدىغان جايىمىز ئىدى. بۇ جاي بىزنىڭ تالاي خۇشاللىقىمىزغا، نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزغا، كۆڭۈل سىرلىرىمىزغا گۇۋاھچى بولغان. بۇ جاي بىزنى مىڭلىغان گۈزەل تۇيغۇلىرىمىز بىلەن باغاشلاپ، يىگىتلىك مەۋسۇمىگە ئۇزاتقان ئىدى. بىر ـ بىرىمىزنى ئىزدىسەك، مۇڭدا شقىمىز كەلسە كۆڭلىمىز تەبئىيلا شۇ سۆگەت تۈۋىنى تارتاتتى.

نېمىشقىكىن قەدىمىم ئىختىيارسىز شۇ سۆگەت تۈۋىنى تارتىپ قالدى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سۆگەت تۈۋىگە كەلدىم. ئۇمۇ خۇددى ئادىلنىڭ مۇسىبىتى ئۈچۈن ھازا تۇتقاندەك مۇڭلىنىپ قاپتۇ. خۇددى ئاتىسى ئۆلۈپ، يېتىم قالغان بالا بوزلاپ يىغلىغاندەك، بويىنىنى قىسقان ھالدا شاخلىرىنى لەرزان ئېرغاڭلىتىپ تۇرۇپتۇ. مەن ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ يېرىق ھاسىل قىلغان غولىغا، قاتتىق قوۋزاقلىرىغا يۈزۈمنى ياقتىم، شۇ ھامان ئەمدىلەتىن توختىغان كۆز يېشىم سەل بولۇپ ئاقتى...

ئادەم بەدىنىنى مېڭە كونترول قىلىدۇ. بىراق شۇ تاپتا مېڭەم يۈرۈگۈمنى، كۆزۈمنى كونترول قىلىشقا ئاجىز كەلدى. دادام دائىم «ئوغۇل بالا دېگەن يىغلىمايدىغان» دەپ ماڭا مەدەت بېرەتتى ۋە يىغلىشىمنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى. لېكىن ھازىر ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىمنى ئۆزۈمگە قانچە ئەسكەرتىپ تۇرساممۇ يىغلىماسلىققا ئىلاجىم بولمىدى. ئوغۇل بالىنىڭمۇ يۈرىكى گۆشقۇ؟ ئۇنىڭمۇ ئازابلىنىدىغان، يېقىنلىرىدىن ئايرىلغاندا چىدىمايدىغان، سېغىنىش تۇيغۇسىدا پۇچۇلىنىدىغان چاغلىرى بولىدۇغۇ؟! بۇنداق ئېغىر يوقۇتۇشقا «يىغلىمايمەن» دەپلا چىداپ كەتكىلى بولامدۇ؟!...

ئاتا ـ ئانام ئۆيدە تۇرغان يوق ـ تاقلىرىمنى كۆرۈپ، مېنىڭ قايتىپ كەلگىنىمنى بىلىپتۇ. ئۇلار ئادىلىنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ۋە خوشنا ـ خولۇملاردىن سوراشتۇرۇپ مېنى تاپالمىغاندىن كېيىن « شۇ يەردە بولمىسۇن يەنە!» دېگەن ئوي بىلەن سۆگەت تۈۋىگە كەپتۇ. ئانام مېنى سۆگەت غولىغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ:

ـ جېنىم بالام، ئامراق ئادىشىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىگەن غېرىب بالام...

دەپ يىغلىغىنىچە، كېلىپ مېنى باغرىغا باستى...

كەچلىك تاماق ئۇن ـ تىنسىز يېيىلدى. بۇنى «تاماق يېيىلدى» دېگەندىن كۆرە، «تاماق كۆزدىن كەچۈرۈلدى» دېگەن تۇزۇكراق ئىدى.

ئانام چىرايلىق چىنىگە يېرىم قىلىپ ئۇسسۇلغان، ئاز بولغىنى بىلەن ئېچىلمەي ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغان سۇيۇقئاشنى ئالدىمدىن ئالغاندا ئېغىر خورسىنىپ، چىرايىمغا بىچارىلەرچە تىكىلدى. ئۇ داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ يوك ـ تاقلىرىمنى جايلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھوجرا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايالشمايلا بىر خاتىرىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ـ بالام، دېدى ئانام كۆزلىرىگە لىقىدە ياش ئېلىپ،ـ بۇ خاتىرە دوستۇڭ ئادىلىنىڭ ساڭا قالدۇرغان يالدامىسى ـ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىكەن. پەقەت سېنىلا كۆرسۇن دېدى... كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئېيتقان ئاخىرقى گېپىمۇ شۇ بولدى...

ئانام شۇ گەپلەرنى ئېيتىۋاتقاندا مارجاندەك ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. ئۇ خاتىرىنى ماڭا ئۇزاتتى. مەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن خاتىرىنى ئاۋايلاپ ئالدىم ۋە خاتىرە يۈزىدىكى «بۇ خاتىرە قىيامەتلىك دوستۇم ئەكبەرگە تېگىدۇ» دەپ يېزىلغان خەتكە كۆز يۈگۈرتتۈم. شۇ ھامان يۈرىكىم ئاغىدى، خۇددى ئادىل ئالدىمدا ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتقاندەك، خاتىرىنى ئاچسام ئۇنىڭ

ئىچىمدىن ئادىل چىقىپ كېلىۋىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، كۆڭلۈمدە كۈچلۈك بىر تەقەززالىق تۇيغۇسى ئويغاندى.

خاتىرە مىكرو قۇلۇپلۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا مەخپىي شىفىر سېلىنغان ئىدى. مەخپىي شىفىر قانچە بولغىيدى؟ ئادىلنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، يېشى، مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، بىز ئايرىلغان ئاشۇ كۈننىڭ چېسلاسى... ھېچقايسىسى ئەمەس ئىدى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ئون يىللار ئىلگىرى ئىككىلىمىز ئىنتايىن ياقتۇرۇپ كۆرگەن، ھەتتا ئۆزىمىزنى ئوبرازىغا ئوخشۇتۇپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئامراق بولغان 007 ناملىق فىلىم يادىمغا يەتتى. شۇ چاغلاردا مەن دائىم «چوڭ بولسام 007 دەك ئادەم قالتىس بولىمەن» دەيتتىم. ئادىلمۇ تولا ۋاقىتلاردا ماڭا ئامراقلىق قىلىپ، ئىسمىمنى چاقىرماي «007» دەپلا چاقىراتتى. شۇ ئېھتىماللىقنى كۆزدە تۇتۇپ قۇلۇپقا 007 دېگەن نومۇرنى كىرگۈزدۈم، دېگەندەك مىكرو قۇلۇپ ئېچىلىپ كەتتى.

خاتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئاچتىم. ئۇنىڭغا مۇنداق قۇرلار پۈتۈلگەن ئىدى:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جانجىگەر ئاغىنەم ئەكبەر، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ بۈگۈن كۈنگە يەكشەنبە، سېنى بەكمۇ، بەكمۇ سېغىندىم...

خاتىرىنىڭ تۈنجى بېتىگە، بارى - يوقى ئىككىلا قۇرغا يېزىلغان خەتنى كۆرۈپ، ئۆپكەم ئۆرۈلدى. تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ، يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرماقتا ئىدى. ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ ھۆكىرەپ يىغلىۋالغۇم، پۈخادىن چىققۇدەك، ئىچ - باغرىم بوشىغۇدەك قېنىپ بىر يىغلىۋالغۇم كەلدى. ئەمما دادام بىلەن ئانامنى ئاياپ ئۈنۈمنى چىقىرالمىدىم.

خاتىرىنى داۋاملىق ئوقۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، چۈنكى ئۇنى ئېچكىرىلەپ ۋاراقلىسام كۆز يېشىم توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇنى ئاۋايلاپ يېپىپ، سېغىنىشتا پۈچىلانغان باغرىمغا باستىم.

كېچە يېرىمدىن ئاشقان بولسىمۇ پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم. قىيا ئوچۇق دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇيقىدىن بىدارمەن، خىيالىمدا يەنىلا ئادىل ئىككىمىزنىڭ باللىق ۋاقىتلىرى...

تۇيۇقسىز كۆڭلۈمدە شۇنداق بىر خىيال پەيدا بولدى. ئادىل زادى قانداق ئۆلدى؟ نېمىشقا بىر ئوبدان تۇرغان ئادەم تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ قالىدۇ؟ بۇ سوئاللار كاللامنى سەگىتىپ، ئادىلنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەشكە دەۋەت قىلدى.

خاتىرە! راست، ئاشۇ خاتىرىنىڭ ئىچىدە بۈنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۆچۈرلار بولۇپ قالىسچۇ؟! شۇ ئويى بىلەن ھېلىقى خاتىرىنى يەنە قولۇمغا ئالدىم.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەكبەر، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئوقۇشۇڭ ياخشى كېتىپ بارامدۇ؟ سېنى بەكمۇ سېغىندىم، جېنىم دوستۇم. ئەگەر يېنىمدا بولغان بولساڭ ئىچىمگە سىغمايۋاتقان دەردلىرىمنى راسا بىر تۆكۈۋالاتتىم. ئەپسۇس، ھازىر سەن يوق، شۇڭا ساڭا دېمەكچى بولغان بارلىق گەپلىرىمنى مۇشۇ خاتىرىگە تۆكۈشنى لايىق تاپتىم. سەن بىلەن كۆرۈشكەندە بۇ خاتىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن ساڭا بېرىمەن. ئەگەر ھازىر خاتىرە قالدۇرىۋالمىسام، سەن بىلەن كۆرۈشكىچە بۇ ئىشلار ھازىرقىدەك ساقلىنىپ قالماسلىقى، ھازىرقى ھېسسىياتىممۇ، كۆڭلۈممۇ بۇ پېتى تۇرماسلىقى مۇمكىن.

بۈگۈن ئايلىنىپ كىرىش مەقسىتىدە ناھىيە بازىرىغا چىقتىم، لېكىن قايتىش يولىدىكى ماشىنىدا ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنىڭ سىرلىق قاراشلىرىدىن ھەر قانداق ئادەمنىڭ يۈرىكى لەرزىگە كېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى كۆڭۈل قەسرىگە باشلاشنى ئارمان قىلىپ قالاتتى. ئۇ قىز ئوغۇرلۇقچە ماڭا قاراپ، مەن ئوغۇرلۇقچە ئۇ قىزغا قاراپ، بىر - بىرىمىزنى مارىلايتتۇق.

ماشىنا خېلى ماڭغاندىن كېيىن يېزىغا يېقىنلاشتى. دېمەك مەنزىلگە ئاز قالغان ئىدۇق. يەنە گەپ قىلمىسام، سەل تۇرۇپ ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتسەك ئۇنى قايتا كۆرۈش - كۆرەلمەسلىكىمنى بىلمەيتتىم. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراش باھانىسىدا تونۇشۇپ قېلىشنى مەقسەت قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

ـ ھەي، سىز شەھەرلىكمۇ؟ ئىلگىرى سىزنى بۇ يېزىدا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن...

سورايدىغاننى سوراپ بولۇپ خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. تەرەببالا بۇنداق سۇئال سوراشنىڭ ئەدەپسىزلىق بولىدىغانلىقىنى قىزنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ ئەتراپىغا قاراپ - قاراپ قويغىنىدىن چۈشەندىم. ماشىنىدا ئادەم كۆپ ئىدى، قىزمۇ چاندۇرماي:

ـ ھەئە، شەھەردىن تۇغقان يوقلاپ كىرگەن... ـ دېدى.

ـ تۇغقىنىڭىز بۇ يېزىنىڭ قايسى كەنتىدىن؟ ـ دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىپ، ئارىنى يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە.

ـ كۆكتاش كەنتىدە، ـ دېدى قىز ئارانلا ئاڭلانغۇدەك قىلىپ.

ـ يولىمىز بىركەنغۇ ئەمسە؟! مەنمۇ كۆكتاش كەنتىدىن، يول بىر بولغاندىكىن بىللە كېتەيلى، قانداق؟

قىز خوشياقمىغان بىر قىياپەتتە:

- مەيلى...- دېدى ۋە بېشىنى بۇراپ، دېرىزە تەرەپكە قاراپ بىر ئولتۇرغىنىچە، تاكى يېزىغا كىرگۈچە زۇۋان سۈرمىدى.

يېزىدىكى بىكەتكە كىرىپ ماشىنىدىن چۈشتۇق. مەن قىز بىلەن بىللە ئۈچ چاقلىق كىرا موتوسىكلىتىغا ئولتۇردۇم، بىز كۆكتاش كەنتىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. كەنتكە يېقىنلاشقاندا مەن قىزغا بىلدۈرمەي ئۆزۈمنىڭ تېلىفۇننى تىترەش ھالىتىگە توغرىلاپ قويدۇم ھەمدە «ئىشلىتىۋالاي» دەپ قىزنىڭ تېلېفۇننى سورىدىم. قىزمۇ گەپ قىلماي سومكىسىدىن قول تېلېفۇننى چىقىرىپ ماڭا بەردى. مەن ئۇنىڭ تېلېفونىغا ئۆزۈمنىڭ تېلېفۇن نومۇرىنى كىرگۈزدۇم ۋە ئۇلاش كۇنۇپكىسىنى باستىم، ئاندىن پادىچى شىمىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان قول تېلېفۇنۇم دىررىدە تىترىگەندىن كېيىن تېلېفۇننى ئۈزىۋەتتىم.

قىز كەنت ئېغىزىدىكى دوقمۇشتا موتوسىكلىتتىن چۈشۈپ قالدى. تۇغقىنىنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئەتراپتا بولسا كېرەك، ئۇ «خوش» دېگەن مەنىدە ماڭا سۇسقىنە باش لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۇششاق چامداپ كېتىپ قالدى. ئاڭغىچە شوپۇر موتوسىكلىتنى ئوت ئالدۇرۇپ ھەيدەپ ماڭدى. خېلى يىراقلارغا كەتكىچە بوينۇمنى سوزۇپ قاراپ ئولتۇرغان بولساممۇ ئارىلىق يىراقلاپ كەتكەچكە قىز كىرىپ كەتكەن تەرەپنى كۆرۈۋالالمىدىم. شۇنداقتىمۇ بەكلا خۇشال ئىدىم. سەن يېنىمدا بولغان بول ساڭ بەكلا ياخشى بولاتتى. بۇ گەپلىرىمنى ساڭا ئېيتىپ بەرسەم، سەن ماڭا مەسلىھەت بەرسەڭ، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش، قىزنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئۇتۇش دېگەندەك ئىشلاردا سەن ماڭا يول كۆرسەتسەڭ ياخشى بولاتتى، جېنىم ئاغىنەم. «»

شۇ  چاغدا ئويلاپ قالدىم، ياخشى كۆرۈش دېگەن مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟ نېمانچە شىرىن تۇيغۇ، نېمانچە تاتلىق سېغىنىش ھە؟!

قىزغا بولغان كۆڭلۈمنى قانداق بىلدۈرەرمەن؟ ئۇ مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلارمۇ؟ بولدىلا، «باشقا كەلگەندە باتۇر» دەپتىكەن، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار. ئاداش، كېيىنچە كۆرۈشەيلى. ئاللاغا ئامانەت!

شۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ قەلبىمنى ئىختىيارسىز بەختىيارلىق، خۇشاللىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. ئەڭ يېقىن ئاغىنەمنىڭ مۇھەببەت كوچىسىغا قەدەم باسقىنى، تۇنجى مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى، باش قېتىنچىلىقى ۋە بارلىق ئىستەكلىرىنى ماڭا بىلدۈرگۈسى كەلگىنى، مۇشۇنداق چاغدىمۇ تۇنجى بولۇپ يەنە مېنى ئېسىگە ئالغىنى مېنى قەۋەتلا خۇشال قىلدى.

خاتىرىنىڭ كېيىنكى بېتىنى ئاچتىم...

ـ ئەسسالام دوستۇم، قانداق ئەھۋالىڭ؟ بۈگۈن ساڭا بىر خۇشخەۋەر ئېيتاي، مەن ھېلىقى قىز بىلەن ھەقىقىي تونۇشتۇم. ئۇنىڭ ئىسمى گۈلمىرە بولۇپ، ناھايىتى ئاقكۆڭۈل، ئوچۇق - يورۇق قىز ئىكەن. مىجەزى بەكلا شوخ دېگىنە! بىز كۈندە دېگۈدەك تېلېفونلىشىپ، مۇڭدىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى چىقىشىپ قالدۇق. ھازىر مۇھەببەت ئاسمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتىمىز، دېسەم ھەرگىز ئارتۇق بولمايدۇ. ئۇنى بىردەم كۆرمىسەم چىدىمايمەن، ئۇ مېنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي رام قىلىۋالدى. مەنمۇ ئۇنىڭدەك چىرايلىق بىر قىز دوستۇمنىڭ بولغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال. ئىشقىلىپ ھازىر ئىشلار ياخشى.

ھە راست، بۈگۈن ئۇ مېنى چاقىرتىپ «بىللە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرەيلى، مېنىڭ ئاكىلىرىم ھەممىسى شۇ يەرلەردە كاۋاپچىلىق قىلىدۇ ھەم ئاشخانا ئاچىدۇ. خالىساڭ بىللە كىرىپ ئازراق ئوقەت قىلىپ، پۇل تېپىپ چىقايلى. مەن توي ئىشىمنى يەنە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئاندىن ئويلىشىمەن، شۇنىڭغىچە ئىككىلىمىز بىر ئاز پۇل يىغىۋالايلى، توي قىلساقمۇ ھەممە ئېغىرىمىزنى چوڭلارغا سالساق ياخشى بولماس. ئەگەر سىز كىرىشنى خالىمىسىڭىز ئۆزۈم يالغۇز مېڭىۋېرىمەن. ئاكىلىرىمغا ياردەملەشمىسەم بولمايدۇ. ئۇلار ئاشخانىغا يەنە ئىككى ئادەم لازىم دېگەنىدى. شۇڭا سىزنىمۇ كىرسۇنمىكىن دەپ ئويلىدىم» دېدى. قانداق قىلىشىمنى بىلمىدىم، بېشىم بەكلا قاتتى. ئاتا - ئانامغا مەسلىھەت سالسام، ئۇلار: «ئوغۇل بالا دېگەن جاھان كۆرگۈلۈك، بوپتۇ، كىرسەڭ كىرگىن» دېدى، ئەمما مېنىڭ پەقەتلا كىرگۈم يوق. كىرمىسەم گۈلمىرەدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن. زادى قانداق قىلسام بولار؟

بولدىلا، تەۋەككۈل قىلىپ كىرىپ باقاي، يا ئۆلۈم يا كۆرۈم! قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمەن. كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى بۇ خاتىرىگە يېزىۋېلىپ، ئوچۇقراقىنى ئېيتسام ساڭا دەۋېلىپ خېلى ئىچىم بوشاپ قالدى. ئەمسە ئاللاغا ئامانەت ئاداش! كېيىن كۆرۈشەيلى!

بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. مەن چېغىمدا نەچچە يىل ئالىي مەكتەپ ئوقۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن كىرىپمۇ ئىچكىرى ئۆلكىگە تەستە كۆنگەن تۇرسام، ئۇنىڭدەك تۈزۈك ئوقۇمىغان، خەنزۇ تىلىنى ئانچە بىلمەيدىغان، نەزەر دائىرىسى تار ھەم بىلىدىغانلىرى ئاز بىر بالىنىڭ ئۇ يەرلەردە جاھاندارچىلىق قىلمىقى ئاسانمۇ؟ بۇ قىز ئۇنى نېمىشقا شۇ يولغا باشلايدىغاندۇ؟ كېيىن قانداق بولغاندۇ؟ شۇ قىزىقىشلار ئىلكىدە ئىختىيارسىز خاتىرىنىڭ كېيىنكى بەتلىرىگە نەزەرىمنى ئاغدۇردۇم.

ـ ئەكبەر، ياخشى تۇرۋاتامسەن ئاداش؟ مەن ئاخىرى ئىچكىرى ئۆلكە دېگەن بۇ يەرگە كىردىم. بۇ يەر ناھايىتى گۈزەل ئىكەن، ئېگىز ـ ئېگىز بىنالار، يېشىل چىملىقلار كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ دېگىنە. بىزنىڭ يۇرتتا ماشىنا، موتوسىكلىتلار يولدىن ئۆتۈپ قالسىمۇ چاڭ ئاستىدىن ئۆرلىگەن توپىلار ئۆيگىچە كىرىپ، يوتقان ـ كۆرپە، تام ـ تورۇسلارغا قونىدىغان، بىراق بۇ يەردە ئۇنداق ئاسمانپەلەك ئۆرلەيدىغان توپا ـ تومانلار يوق، ھەتتا كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ ناھايىتى پاكىزە تۇرىدىكەن. سەنمۇ مۇشۇنداق پاكىزە ھەم گۈزەل شەھەردە ئوقۇۋاتقانسەن ھە؟ ئىككىمىز مۇشۇ شەھەردە ئۇچرىشىپ قالغان بولساققۇ بەك ياخشى بولاتتى. يېنىمدا بولۇشۇڭنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن جېنىم ئاداش!

بۇ يەرگە كىرگىنىمگىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ئاي بولۇپ قاپتۇ، بۇ بىر ئا يدىن بىرى كۈنلىرىم ئويۇن ـ تاماشا بىلەنلا ئۆتىۋاتىدۇ. پۇلنى قانچىلىك خەجلىسەم گۈلمىرەنىڭ ئاكىسى ئايىماي بېرىدۇ، نېمە ئىش قىلىمەن دېسەم رايىمغا قويىدۇ. تېخى ئۆيۈمدىكىلەرگە ئىككى مىڭ يۈەن ئەۋەتىپ بەردىم. ھازىر كۈنلىرىم نا ھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىدۇ. سېنىڭمۇ كۈنلىرىڭگە خۇشاللىق يار بولسۇن! خوش ئاغىنە!

بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ ئىنتايىن بىئارام بولدۇم. ئاتايىن شۇنچە يىراقتىن بىر ئادەمنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ، بىكارغىلا خەجلەشكە پۇل بېرىپ، ئويۇن ـ تاماشاغا سېلىپ قويىدىغان ئىش بولامدۇ؟ بۇ سېخىلىقنىڭ كەينىگە بىر شۇملۇق يوشۇرۇنغانمۇ قانداق؟

مەن ئالدىراپلا كېيىنكى بەتنى ئاچتىم.

ـ ئىنىسانىنىڭ بېشىغا ھەر قىسما كۈنلەر كېلىدىكەن، ئاداش. بېشىمغا كەلگەن ئىشلارنى ساڭا دەي دېسەم تېخى، دېمەي دېسەم تېخى. بولدىلا، ساڭا دېمىسەم كىمگىمۇ دەيمەن!؟ ئەڭ يېقىنىم، ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمىم، مېنى چۈشىنىدىغان، ھالىمغا يېتىدىغان كىشىمۇ پەقەتلا سەنغۇ ئاخىر! بۇ خاتىرىگە كۆڭۈل سىرلىرىمنى تۆكۈشكە پېتىنالماي ئارىدىن ئون ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۈگۈن ساڭا بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، لېكىن مەندىن يىرگەنمە، جېنىم دوستۇم. مەن يامان يولغا كىرىپ قالدىم، بۇ ئىشلارنى ساڭا دېيىشكە پېتىنالماي كەلگەن ئىدىم. ئەمدى ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە سەندىن يەنە نېمىسىنى يوشۇرارمەن!؟ ئەمدى يوشۇرساممۇ يۈرەككە پاتمايدۇ، شۇڭا بۈگۈن ھەممىنى دەيمەن.

بۇ خاتىرىنىڭ ئالدىنقى بېتىنى يېزىپ ئۇزۇن ئۆتمەي گۈلمىرە بىلەن بازار ئايلانغىلى چىقتىم. ئىككىمىز بازار ئايلىنىپ، مېڭىپ ـ مېڭىپ ئادەم كۆپ توپلاشقان بىر كىيىم ـ كېچەك بازىرىغا

كېلىپ قالدۇق. مەن باشــتا گۈلمىرەنى كىيىم ئالىدىغان ئوخشــايدۇ دەپتىمەن، بىراق ئۇ شــۇنچە ئايلىنىپمۇ بىرەر تال كىيىم سېتىۋالمىدى، ھەتتا بىرەر پايپاقىا چاغلىق نەرســە كۆرمەي، قارىســىغىلا ئايلىنىۋەردى. مەن ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭدىن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمىزنى سورىدىم، ئۇ ماڭا نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرىۋېرىپ بەك زېرىكىپ كەتكەنلىكىنى، شــۇڭا بىردەم بازار ئايلانغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن گەپ قىلماي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىۋەردىم. نېمىشقىكىن، گۈلمىرە مەن بىلەن ئىككى - ئۈچ مېتىر ئارىلىق قويۇپ ماڭاتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي دەپ بېلى تىز مېڭىپ باقساممۇ ئۇ ھامان مېنى كەينىدە قالدۇرۇپ كېتىۋېرەتتى.

بىر چاغدا ئۇ تېلېفۇندا سۆزلە شكەچ ئۇدۇل تەرەپتىن پىيادە كېلىۋاتقان بىر خەنزۇ قىزغا سوقۇلۇپ كەتتى. بۇنى سوقۇلۇپ كەتتى دېگەندىن كۆرە قەستەن سوقۇلدى، دېگەن تۈزۈك ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسى سوقۇلۇپ كەتكۈدەك زىچ ئەمەس، يەنە كېلىپ كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. خەنزۇ قىزنىڭ مۇردىسىگە ئېسىۋالغان سومكىسى بىلەن قولىدىكى تېلېفۇنى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئۆزىمۇ سەنتۈرۈلۈپ يىقىلغىلى تاسلا قالدى. مەن تىزلىكتە بېرىپ قىزدىن كەچۈرۈم سورىدىم ھەمدە يەرگە چۈشكەن سومكىسىنى ئېلىپ قېقىشتۇرۇپ، قولىغا تۇتقۇزدۇم. قىز سەل نارازى بولغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، ئەمما تىزلا ئېچىلىپ، ماڭا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

بىز ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر خۇيزۇ ئاشخانىسىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتتۇق. بۇيرۇتقان تاماق بەكلا ئۇزۇندا چىقتى. شۇنىڭغىچە بىز تاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردۇق. تاماقنى يەپ بولۇپ ھېســاۋات قىلىش ئۈچۈن مۇلازىمنى چاقىردىم. شــۇ ئارىدا ئىشــىكتىن بەش - ئالتە خەنزۇ كىرىپلا گۈلمىرەنى قارا - قويۇق ئورۇپ كەتتى. مەن نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالماي دىلىغۇللۇقتا ھاڭۋېقىپلا قالدىم. يەنە قاراپ تۇرسام گۈلمىرە بەك تاياق يەپ كېتىدىغاندەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مەنمۇ ئارىغا چۈشــۈپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشــتۇم. ئەمما ئۇلار كۆپ بولغاچقا ئاقىۋەتتە ئېغىر تاياق يەۋالدۇق.

مېنىڭ بېشــىم يېرىلىپ كەتكەن، گۈلمىرەنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە ئوبدانلا كۆك چۈشــكەن ئىدى. نەدىن پەيدا بولدىكىن، بىر دەمنىڭ ئىچىدە بىر توپ ســــاقچىلار پەيدا بولۇپ، ھەممىمىزنى بىر ماشىنىغا چىقىرىپ ساقچىخانىغا ئېلىپ باردى.

- مەن ئەرز قىلىمەن، بىز ئۇلارنى تونۇمىســــاق، يا ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىمىز بولمىســــا، بىكاردىنلا ئادەم ئۇرسا بولامدۇ؟ - دېدىم مەن ساقچىلارنىڭ سورىقى باشلانماستىنلا چېچاڭشىپ.

ئۇلار ماڭا كۆزىتىش ئاپاراتىدا سۈرەتكە ئېلىنغان بىر كۆرۈنۈشنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدا گۈلمىرەنىڭ ھېلىقى خەنزۇ قىزنى سوقۇۋېتىش كۆرۈنۈشى ئېنىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، گۈلمىرەنىڭ قىزنى سوقۇۋېتىش جەريانىدا ئۇنىڭ سومكىسىدىن پۇل سۇغۇرىۋالغان كۆرۈنۈش بار ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدىم. ساقچىلارمۇ ئاشۇ كۆرۈنۈشنى قايتا - قايتىلاپ بىر نەچچە قېتىم قويدى ۋە:

- ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟ - دەپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىدى.

ساقچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بىز ئۇ يەردىن ئايرىلغاندا ھېلىقى خەنزۇ قىز سومكىسىدىكى پۇلنىڭ يوقىتەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال 110 غا مەلۇم قىلغان، ساقچىلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تىزلىكتە شۇ يەردىكى بىر دۇكاننىڭ ئىشىك بېشىغا ئورنىتىلغا كۆزىتىش ئاپاراتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدا خاتىرىلىنىپ ماڭغان كۆرۈنۈشلەردىن خەنزۇ قىزنىڭ پۇلىنى گۈلمىرەنىڭ سوقۇۋالغانلىقىنى دەلىللەپ چىققان. ئاندىن شۇ كۆرۈنۈشتىكى كىيىم - كېچەك ۋە چىراي ئالاھىدىلىكىمىزگە ئاساسەن، يېقىن ئەتراپتا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ج خ خادىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا بىزنى قولغا چۈشۈرۈشنى تاپىلاپ قويۇپ ئۆزلىرىمۇ بىزنى ئىزدەشكە ئاتلانغان. ئۇنىڭغىچە پۇلى يوقىتەن خەنزۇ قىز جەمئىيەتتىكى دوستلىرىدىن بىر نەچچىسىگە تېلېفون بېرىپ يۈز بەرگەن ئىشلارنى ۋە بىزنىڭ چىراي، كىيىم - كېچەك ئالاھىدىلىكىمىزنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان، شۇڭا ساقچىلار ئىزدەپ تېپىپ بولغىچە قىزنىڭ دوستلىرى چاققان كېلىپ، تاماق يەپ ئولتۇرغان يېرىمىزدىن تېپىۋېلىپ، قىزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن بىزنى بولۇشىغا ئۇرغىنى ئىكەن. تېخى دېيىشىچە، بىزنىڭ تەلىيىمىز بار ئىكەن، ئەگەر ساقچىلار ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كەلمىگىنىدە بىرەرسىمىزنىڭ جېنى ئۇ لۈكچەكلەرنىڭ ئالقىنىدا ئۇ دۇنياغا راۋان بولارمىش. بۇ يەردىكى لۈكچەكلەر مۇشۇنداق قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قارام نېمىلەرمىش. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم، بىراق ئىشەنمىسەم بولمايتتى. چۈنكى، مەن ئىچكىرىگە كىرگەندىن باشلاپلا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارغا قاراپ بەزىدە ھەيران بولسام، بەزىلىرىنىڭ سەۋەبىنى، جاۋابىنى بىلەلمەي تېڭىرقايتتىم.

- ئەمدى بۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلماڭلار ، - دېدى بىزنى سوراق قىلغان ئېگىز بويلۇق، ئاقپىشماق كەلگەن خەنزۇ ساقچى، - ھازىر دېگەن قانداق دەۋر؟ ئاسماندا تور، يەردە قاپقان بار. قانۇن رەھىمسىز، ئۇ ھەرگىزمۇ «ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئىكەن، تىجارەت قىلاي دېسە پۇلى يوق، ئىشلەي دېسە خىزمەت تاپالماپتۇ، شۇڭا ئوغرىلىق قىپتۇ، بوپتۇلا» دەپ يۇرمەيدۇ. ئۇ ئىنتايىن ئادىل، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالايدۇ، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداپ بېرىدۇ، بۇنى ئۇنتۇپ قالماڭلار!

ــ سىلەر ئازسانلىق مىللەت، بىز سىلەرنى ھۆرمەت قىلىمىز، ــ دېدى يەنە بىر كۆزەينەكلىك ساقچى ئېغىر ــ بېسىقلىق بىلەن، ــ شىنجاڭدا نۇرغۇن ياخشى كىشىلەر بار. ئۇلار ئۆزىگە تايىنىپ ئەگىلىك تىكلەيدۇ، قان ــ تەر ئاققۇزۇپ پۇل تېپىپ ھالال ياشايدۇ. سىلەر شۇلاردىن ئۆگىنىشىڭلار كېرەك، بۇنداق خەقنىڭ رىسقىغا چاڭ سېلىپ ياشىساڭلار ھەممىڭنىڭ نەپرىتىگە قالىسىلەر!...

ئۇلار بىزگە بىر ھازا تەربىيە ئىشلىگەندىن كېيىن قويۇپ بەردى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خىجىللىقتىن ئۆلۈۋالغۇدەك بولۇپ كەتتىم. يەرگە كىرىۋالاي دېسەم قاتتىق، ئاسمانغا چىقىۋالاي دېسەم يىراق بىلىنىپ كەتتى.

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن گۈلمىرە بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم.

ــ ھەي، نېمىشقا ئوغۇرلۇق قىلىسەن، ھە؟ سېنىڭ زادى نېمەڭ كەم؟ بىز شۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەممۇ؟ گەپ قىلە!؟

مەن شۇنداق دەپ ئۇنىڭ كۆزىگە قادالدىم.

ــ سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ ئىشىڭنى قىلە ماڭ!...

ئۇ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. مەن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە قارىتىش ئۈچۈن تارتىشىمىغا، ئۇ غەزەپ بىلەن يۈزۈمگە كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق ئۇردى. تۇيۇقسىز تەگكەن قاتتىق شاپىلاقتىن يۈزۈم ۋا شىشىدە ئېچىشىپ، ئاغرىپ كەتتى. ئالدىمدا تۇرغان بۇ قىزنىڭ ئەينى چاغدا مېنى ياخشى كۆرگەن، مەنمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيگەن گۈلمىرە شۇ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قالدىم.

ــ قانداق قىلاتتىڭ؟ مەن شۇنداق ئادەم، ئوغۇرلۇق قىلىمەن، بۇلاڭچىلىق قىلىمەن، نېمە ئىش قىلىپ پۇل تاپقىلى بولسا شۇنى قىلىمەن، گېپىڭ بارمۇ؟ بىلمىگەن بولساڭ ئەمدى بىلىۋال، مەن مانا مۇشۇنداق ئادەم!...

ئۇ غەزەپ بىلەن چالۋاقاپ تۇرۇپ، بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاران بېسىۋېلىۋاتقان ئاچچىقىم بىراقلا مېڭەمگە تەپتى. جان ئاچچىقتا چىدىماي گۈلمىرەنى بىر كاچات سالدىم. ئۇ قىرىدە چىرقىرىدى، ئارقىدىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ ماڭا غەزەپ ــ نەپرەت بىلەن قاتۇرۇپ بىرنى ئالىيشۇەتكەندىن كېيىن، يۈزىنى ئالقىنى بىلەن توسقىنىچە يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

گۈلمىرە چىقىپ كەتكەن ئىشىككە قاراپ ئۈن - تىنسىز ھالدا بىر ھازا تۇرۇپ كەتتىم. ئىچ - ئىچىمدىن قاپساپ كېلىۋاتقان پىغانىمنى بېسىۋېلىشقا ئامالسىز ئىدىم. شۇ ھالدا يۈرىكىم ئاغرىدى، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدىم، بۇ يەرگە كىرگىنىم ئۈچۈن مىڭ پۇشايمانلارنى قىلدىم. كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش سىرغىدى...

ساقچىخانىدا كۆرگەن سىن كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. «بۇ خۇددى كىنولاردا، ھېكايە - رومانلاردا تەسۋىرلەنگەندەك قارا گورۇھلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەتەرلىك ئىشلار ئوخشايدۇ، ئەگەر گۈلمىرە ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرى مېنى قويۇپ بەرمەي، ئوغۇرلۇق ۋە باشقا قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىسا يۇرتۇمغا قايتالمايدىغان، ھەتتا ئاتا - ئانامنىمۇ قايتا كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپ، ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدىم.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا ئۆيىنىڭ ئىچىدە، يېنىمدىلا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك مەلۇم بولدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئىشىك ئالدىدا ئېگىز بويلۇق سېمىز بىر ئادەم، ئۇنىڭ كەينىدە ئورۇقلىقىدىن گۆردىن ئېچىۋالغان مۇردىدەك كۆرۈنىدىغان قاراموتۇق يەنە بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئىككىسى ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سۈرلۈك ھالىتىنى كۆرۈپ، تىلىم گەپكە كەلمەي، يۈرىكىم ئېغىزىمغا تىقىلىپ قالدى. ئۇندىمىگىنىمنى كۆرۈپ ھېلىقى ئېگىز بويلۇق بىرلا چامداپ ئالدىمغا كەلدى.

- ھەي لامزەللە، گۈلمىرەنى ئۇرۇپسەنغۇ؟! ئوغۇل بالا تۇرۇپ بىر قىز بالىنى ئۇرغان بارمۇ، ھە؟ نېمە قىلغىنىغا ئۇراتتىڭ؟ گەپ قىلە! ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى كۆكەرتىۋېتىپسەنغۇ!؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چېكەمدىن پۇررىدە تەر قۇيۇلدى. بارى - يوقى بىر تەستەك ئۇرغىنىم ئۈچۈن يۈز - كۆزلىرىنى كۆكەرتىۋېتىپتىمشىمەن. رەڭ قۇتىسى بىلەن ئۇرمىغانتىمغۇ بولمىسا!؟ توغرا، خەنزۇ قىزنىڭ دوستلىرى...

- مەن... ياق، مەن ئۇرمىدىم... گۈلمىرە بازاردا بىر خەنزۇ قىزنى سوقۇۋەتكەن بولۇۋېلىپ ئۇنىڭ سومكىسىدىكى پۇلىنى ئوغرىلاپتىكەن. شۇ قىزنىڭ دوستلىرى بىزنى تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ كەتتى. گۈلمىرەلا ئەمەس مەنمۇ تاياق يېدىم...

بازاردا بولغان ئىشلاردىن ئۇلار خەۋەرسىز ئىدى. ئەگەر ئۆزۈمنى ئاقلىمىسام گۈلمىرە يېگەن تاياقنىڭ بەدىلىنى مەن تۆلەيدىغاندەك قىلاتتىم. شۇڭا ئىشنىڭ ئەينەن جەريانىنى دېدىم. بىراق ئۇلار ماڭا ئىشەنمىدى ۋە:

- بىزنى كىچىك بالا چاغلاپ قالدىڭمۇ؟ گۈلمىرە سېنى ئۇردى دەۋاتسا، تەپتارتماي تېنىۋېلىپ بارسەنا؟! - دېگىنىمچە مېنى ئۇرۇپ، دەسسەشكە باشلىدى. يالۋۇرۇشلىرىم بۇ ياۋۇزلارغا كار قىلمىدى، ئۇلارنىڭ بازغاندەك مۇشت - تېپكىلىرى ئاستىدا تۈگۈلۈپلا قالدىم...

تاياق دەستىدىن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، ھوشۇمغا كېلىپ ئۆزۈمنى دوختۇرخانىنىڭ بالنىست ياتىقىدا كۆردۈم. بېشىمدا گۈلمىرە ئولتۇراتتى، ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ ماڭا بىر ھازا تەسەللىي بېرىپ كۆڭۈل قويغاندىن كېيىن، ئوغۇرلۇقنىڭ پايدىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان كىرىمنى چۈشەندۈرۈپ بىر مۇنچە سۆزلىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئاكىلىرىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلمىسام، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن قورقتۇم، ھەقىقەتەن قورقتۇم. ئەمدى كېلىپ ئۆلۈۈكۈم مۇشۇ يات شەھەرلەردە قالارمۇ؟! ئاتا - ئانامنىڭ دىدارىنى بىر كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟! بۇلارنى ئويلاپ مېنى قايتىدىن يىغا باستى. بىراق كۆزلىرىمگە مىختەك تىكىلىپ، مەندىن جاۋاپ كۈتۈپ تۇرغان گۈلمىرەگە بىر نېمە دەپ جاۋاپ بەرمىسەم بولمايتتى. شۇڭا ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن «مەن ياخشىراق ئويلىنىپ باقاي» دېدىم.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلاي دېسەم ۋىجدانىم يول قويمىسا، ئۇنداق قىلماي دېسەم ئاتا - ئانامنى، سىلەرنى كۆرەلمىسەم، ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەڭلىك بولامدىغاندۇ؟! ئەگەر دادام ئوغرىلىق قىلغىنىمنى بىلىپ قالسا مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىغا ئىككىلا ئالەم رازى بولمايدۇ. ئانامۇ ياقامغا ئېسىلىپ قان يىغلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار مېنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىشىمنى، خەقنىڭ قولىدا خورلىنىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈشۈمنىمۇ خالىمايدۇغۇ ھە؟! توغرا، «جان بولسا جاھان» دەپتىكەن، ئاۋۋال بۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالاي. جېنىم ئامان قالسىلا قالغىنىنى كېيىن بىر تەرەپ قىلىۋالىمەن. ھازىرچە ھايات قېلىش ئەڭ مۇھىم!

شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ، گۈلمىرەنىڭ تەكلىپىگە، توغرىراقى تەھدىتىگە ماقۇل بولۇش قارارىغا كەلدىم.

مەن بۇ يەردە نۇرغۇن دوست تۇتتۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كاۋاپچىلىق، ئاشپەزلىك قىلىدىغانلارمۇ، ياڭاق، ئۈزۈم، گۈلە - قاق ساتىدىغانلارمۇ، بازار ئوينايدىغانلارمۇ بار بولۇپ، بىز خۇددى بىر مەھەللىدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغاندەك ئىچەكىشىپ كەتتۇق. ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغاچقا، ئاشۇلار ئىچكەننى ئىچىپ، چەككەننى چېكىپ،قىلغاننى قىلىپ يۈرۈپ، بەزىبىر يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۋالدىم. كۈنلىرىم ئوغرىلىق قىلىش، ئىچىش - چېكىش، ئويۇن - تاماشالار بىلەن ئۆتتۈەردى، بۇ جەرياندا ئوغرىلىقتىمۇ خېلى يېتىشىپ قالدىم.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشــــگە ئەگىشـــــپ مىجەزىم مېنى ئوغۇرلۇققا ســـالغان مۇتتەھەم، قارا يۈزلەرنىڭ مىجەزىگە ئوخشـــاش قارام، قورقۇمســـىز، رەھىمســـىز بولۇپ ئۆزگىرىپ، بۇرۇنقى خۇي - پەيلىم، مىجەز - خارەكتىرىمدىن ئەســـەرمۇ قالمىدى. ئىنســـاپ، غورور دېگەنلەر بىلەن ھېســـاپلىشـــىپ ئولتۇرمايدىغان، ئەمەلىي نەپنىلا كۆزلەيدىغان شـــەخســـىيەتچى مىجەز يېتىلدۈرىۋالدىم. «قازانغا يولۇقســـاڭ قارىسى يۇقار، يامانىنىڭ يولۇقســـاڭ يارىسى» دېگەن گەپ ھەققەتەن راست ئىيتىلغان ئىكەن.

بىر كۈنى ياتاقداشـــلىرىم «ئويناپ كېلىمىز» دەپ بازارغا جابدۇنۇپتۇ. مېنىڭ ياتاققا كىرگىنىمنى كۆرۈپ ئۇلار خۇشـــال بولۇپ كېتىشـــتى ۋە مېنىمۇ بىللە بار دەپ تۇرىۋالدى. ئۇلارنىڭ زورى بىلەن بىللە باردىم، ئاۋۋال بىر ئاشـــخانىغا كىرىپ تاماق يېدۇق، ئارقىدىن ئالا - يېشـــىل چىراغلىرى ۋالىلداپ يېنىپ تۇرىدىغان، يېرىم يالىڭاچ قىزلار ھەر قىســـما ھەرىكەتلەرنى چىقىرىپ ئۇســـۇل ئوينايدىغان بىر قاۋاقخانىغا بېرىپ تازا ئىچىپتىمىز. مەن ئۇلاردەك جىق ئىچمىگەچكە ئەس - ھوشۇم خېلى جايىدا ئىدى.

بىز قايتماقچى بولۇپ ســـــىرتقا چىققاندا ئالدىقاچان يېرىم كېچە بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھاۋا ئىنتايىن ياخشى، يەنە كېلىپ ئەتراپتا ئادەم ۋە ماشىنىلار شالاڭ بولغاچقا، بىز ھاۋا يېگەچ پىيادە قايتماقچى بولدۇق. پاراڭلاشقاچ بىر - بىرىمىزنى يۆلەپ مېڭىپ، بىر تار كوچىغا كىرىپ قاپتىمىز. كوچا ئىچىدە قاتار قىلىپ سېلىنغان ئۆيلەر بار بولۇپ، ھەر بىر ئۆينىڭ ئىشـىك تۈۋىدە ھەررەڭ - سەررەڭ ياسىنىۋالغان قىزلار تۇرۇپ - بەشتىن بولۇشۇپ، پاراڭلىشىپ تۇراتتى. غەلىتە يېرى، ئۇلارنىڭ ھەممىســـــى يېرىم يالىڭاچ كىيىنگەن بولۇپ، پاچاق - يوتىلىرىنى، مەيدە - بىلەكلىرىنى تامام ئوچۇق قويغان، ئىنتايىن قىنىق گىرىم قىلىشـــقان، بەزىلىرى تاماكا چېكىۋاتقان، بەزىلىرى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغا ئالدىقانداق خۇلقلارنى چىقىرىپ ئەركىلەپ، كۆزنى قىســـىپ، لەۋلىرىنى ئۇچلاپ شەرەت قىلىپ، ھايا سىزلارچە قىلىقلارنى چىقىرىپ تۇراتتى. ئۇلار تەخمىنەن يىگىرمە بەش - ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، تۇرقىدىن ياخشى يولدىكى ئاياللاردەك قىلمايتتى.

مەســـت بولۇپ قالغان ياتاقداشـــلىرىم دەلدەڭشـــىپ تۇرۇپ ماڭالمىغانســـېرى بۇ يول ماڭا بەكلا ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ئۇلارغا تىزراق مېڭىشـــــنى جىكىلەپ، ئېغىرراق تەڭشىلىۋالغان بىر ئاغىنىمىزنى يۆلەشتۈرۈپ مېڭىۋەردىم.

بىز شۇ يوسۇندا ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىۋەردۇق. بىراق ھېلىقى ئالۋاستىدەك ياسىنىۋالغان ھاياسىز ئاياللار ئەتراپىمىزغا ئولىشـــۋالدى ۋە تەرەپ - تەرەپتىن بىزنى تارتىشـــقا، ئاشـــۇ ئىشـــكلىرىدىن

قىپقىزىپ پەردىلەر ۋە غۇۋا چىراق نۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى. ئەقلىنى هاراققا تېگىشىۋەتكەن ئاغىنىلىرىم ئۇلارنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا بەس كېلەلمەي:

ـ توختاڭلار، ئىچمىدىغانلىقىمىزنى ئىچىپتىمىز، ئۆيىمىزگە بارايلى. قىزلارمۇ تەييارلىكەن، كىرىپ بىرەر ـ يېرىم دەم ئۆيناپ ئاندىن ماڭىمىز... ـ دەپ چىڭ تۇرىۋالدى.

مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق نىجىس، پاسىكىنا يەرگە كىرىپ باقمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق يەرلەرنى ئەزەلدىن ئاتىقى يامان دەپ بىلەتتىم، شۇڭا كۆڭلۈمدە ئاللىقانداق بىر قورقۇنچ پەيدا بولدى. ئۇلار بىلەن بىللە كىرىشنى خالىمىدىم، شۇڭا:

ـ كىرسەڭلار ئۆزۈڭلار كىرىڭلار، مەن كىرمەيمەن. بۇنداق يەرلەردە يۈرگەن ئادەمنى نەس باسىدۇ، بولسا سىلەرمۇ كىرمىسەڭلار ياخشى بولاتتى. ماقۇل دېسەڭلار، قايتىپ كېتەيلى! ـ دېدىم.

ئۇلار ئولاش ـ چولاش مېنى سۆرەشتۈرۈپ:

ـ يۈرە، بىللە كىرىمىز. بىر قېتىم كىرگەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ، ـ دەپ، تارتىپ ئېلىپ ماڭدى.

ـ ياق، مەن بۇنداق ئادەملەردە ئەيدىز كېسىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، ئۆزۈمگە ئىش تاپقىم يوق، ئىشقىلىپ مەن...

ـ بولدى قىلە ۋاي، ئەيدىز كېسەل «قاچان يۇقمەنكىن» دەپ ساڭا قاراپ تۇرۇپتۇما؟ ـ ئارىدىن بىرەيلەن گېپىمنى تارتىۋېلىپ قوپاللا تەگدى، ـ ئۇلارنىچۇ، ئاۋۋال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ، ئاندىن بۇ يەرگە ئەكىلىدۇ. ئۇنداق ئۇدۇل كەلگەننى يېتىلەپ كېلىدىغان ئىش يوق. قورقما، ھېچ ئىش بولمايدۇ، مۇنداق يەرلەرگە كىرىپ ئويناۋاتقىلى ئۇزۇن يىل بولدى، بىزمۇ ئۆلۈپ قالمىدۇقمۇ؟! ئوغۇل بالا دېگەن ھەممە ئىشنى كۆرۈپ باققۇلۇق، ئاياللارغا يېقىن يولىمايمەن دېسەڭ سەندىن گۇمانلىنىپ قالىمەن جۇمۇ!...

ئۇلار ھەر تەرەپتىن ھەر نېمىلەرنى دېيىشتى. بىراق مەن زادىلا ئۇنىمىدىم. ئۇلار مېنى گەپكە كىرگۈزەلمەي، ئۆزلىرى ھېلىقى ئۆيلەرنىڭ قايسىدۇر بىرلىرىگە كىرىپ كېتىشتى.

سۇرلۇك ھەم تار كوچا ئىچىدە يالغۇز قالدىم، ياق، يالغۇزمۇ ئەمەس، ھېلىقى ھەررەڭ ـ سەررەڭ كىيىملىك، قېنىق گىرىملىك ئاياللار بىلەن قالدىم. ئەمما ئۇ ئالۋاستى چىراي قىزلار مېنى مەنسىتمىگەندەك قاراپ، بۇرنىنى پۈرۈپ قويۇشتى ياكى مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ مەندىن نېرى

كېتىشـــــتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. خۇددى مېنى «بولۇمســــىز، ئەركەك ئەمەس» دەپ مازاق قىلىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئاچچىقىم كەلدى.

ئويلاپ قالدىم، بايا دوستۇم «بۇ قىزلار دوختۇرخانىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن، ئۇلاردا كېسەل يوق، بىر قېتىم كىرگەنگە ھېچ ئىش بولمايدۇ، بىزمۇ كىرىۋاتقىلى ئۇزۇن بولدى» دەۋاتىدۇ. تېخى ھەممىسى ئىشەنچ بىلەن كىرىپ كېتىشتى. شۇنىڭغا قارىغاندا راستىنلا بىخەتەرمۇ نېمە؟ ئۇلار راست دەيدۇ، بىرەر كېسەل بولسا بۇ كەمگىچە ئاللىقاچان بايقىلىپ بولاتتى، مەن چوقۇم ئارتۇق ئويلىۋالغان ئوخشايمەن.

شۇلارنى ئويلاپ مەنمۇ تەۋەككۇلگە قەدەم تاشلىدىم. دوستلىرىم كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىمگە، بىر قېرى دەللال ئالدىمغا كەلدى. ئۇ غەلىتە ھىجايغىنىچە، ماڭا بىر نېمىلەرنى دېدى، لېكىن ئۇنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. چۈنكى، بۇ يەرگە كىرىشنى ئىختىيار قىلىۋاتقان بولسامۇ كۆڭلۈمدىكى قورقۇنچ تەلتۆكۈس يوقىمىغان ئىدى.

دەللال ئايال مېنى سۇس چىراق نۇرى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدىغان بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي بۇ ئۆيگە قىزىل رەڭلىك ئاسما مايكا، بىر غېرىچلا كەلگۈدەك قىسقا ھەم تار يوپكا كىيىۋالغان، ســــېرىق بويرا چاچلىرىنى قوش چاڭگىســــــدەك پاخپايتىپ، لەۋلىرىنى قان ئىچكەندەك بويىۋالغان بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئاندىن كاســـــا ـ بەللىرىنى ئويىنىتىپ ماڭغىنىچە، قىلچە تەكەللۇپ قىلماستىن كېلىپ قۇچىقىمدا ئولتۇرۇپ، بوينۇمغا گىرە سالدى...

قىز بالا زاتىغا بۇ قەدەر يېقىنلىشىشىم، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، مۇنداق مۇناسىۋەتتە بولۇشۇم بۇ ھاياتىمدا مۇشۇ تۇنجى قېتىم ئىدى. نېمىشــقىكىن، بۇ يەردە ئارتۇق تۇرالمىدىم. خۇددى بىرســى كانىيىمنى بوغۇپ نەپەس ئالغىلى قويماۋاتقاندەك، يەنە تۇرىۋەرســـەم ئۇزاققا قالماي ئۆلۈپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ، زادىلا چىدىيالمىدىم. شۇڭا، چىپ ـ چىپ تەرلىگەن ھالدا كۆزلىرىنى خۇمارلاشــــتۇرۇپ، «كەتمىگىنە» دەپ مىياڭلاپ، ئەركىلەپ ھالى قالمىغان ســــېرىق چاچلىقنىڭ قوللىرىنى سىلكىپ ئىتتىرىۋېتىپ، بۇ نەس باسقۇر قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم...

يۈرىكىم ئەنســـــىز ســـــوقۇۋاتاتتى. كەچۈرگۈســـــىز گۇناھ قىلغاندەك، خۇددى ئەمدى ئۆمۈر بويى پاكلانالمايدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ ھۇجۇدۇمنى ئارامســــىز قىيناپ، يۈرىكىمنى بىر چىشـــلەم ـ بىر چىشلەمدىن يېمەكتە ئىدى. توغرا، بۇ گۇناھ بولماي نېمە؟! مەنمۇ ئادەم بولدۇممۇ؟ ئاتا ـ ئانام مېنى مۇشۇنداق ئادەم بولسۇن دەپ باققانمىدى، ھە؟!

مەندىن باشقىلار ھېلىقى نەس باسقۇر قاراڭغۇ ئۆيدىن تېخى چىقمىغان ئىدى. بىردەم ساقلاپ باقتىم، لېكىن ئۇلار ھېچ قارىسىنى كۆرسەتمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەتراپتىكى خىرىدار كۈتۈپ تۇرۇشقان ھەررەڭ - سەررەڭ قىزلارنىڭ مازاق قىلغاندەك قاراشلىرى، مېنى ئىما قىلىپ يېنىدىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇر دەپ كۈلۈشلىرى، مەنسىتمىگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ يىراق كېتىشلىرى جېنىمدىن ئۆتتى. بۇ يەردە يەنە تۇرىۋېرىشتىن خىجىل بولۇپ، ئۇلارنى ساقلىماي كېتىۋېرىشنى توغرا تاپتىم.

كوچىنىڭ بېشىغا چىقىپلا ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان بىر تاكسىنى توسۇپ، خۇددى كەينىمدىن ئىت قوغلىغاندەك چاققانلىق بىلەن تاكسىغا چىقىپ جايلاشتىم ھەم شوپۇرنىڭ سورىشىنىمۇ كۈتمەستىن بارىدىغان يېرىمنى ئېيتىپ بېرىپ، ئېغىرلاشقان گەۋدەمنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىدىم...

ئاخىرى ياتاققىمۇ كېلىۋالدىم، يوتقان بىلەن بېشىمنى چۈمكەپ يېتىپ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر باشتىن ئەسلەپ چىقتىم. قانداقلا ئويلىسام مۇ بۇ ئازابلىق گۇناھ تۇيغۇسىدىن خالاس بولالمىدىم، ئۆزۈمگە قانداقلا تەسەللىي بەرسەممۇ قەلبىمنى بېسىپ تۇرغان مۇدھىش كۆلەڭگىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىدىم. بۇ ئازابنى، بۇ قەدەر خورلۇقنى ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتىم. ئويلاپ شۇ يەرگە يەتكەندە ئىچكىرىگە كىرگىنىمگە بەكلا پۇشايمان قىلدىم، ئاتا - ئانامنى سېغىندىم، ئۇلارنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ، ئۈن قويۇپ يىغلىۋالغۇم كەلدى. بۇ يەردە ھېچكىمىم يوق، ھازىر گۈلمىرەمۇ بۇرۇنقى گۈلمىرە ئەمەس. ماڭا خۇددى ناتونۇش ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىدۇ. دەسلەپ كۆيۈشكەن چاغدا بەرگەن شېرىن ۋەدىلىرى ئاللىقاچان توزۇپ كەتكەن. ئۇ مېنى پەقەت ئوغۇرلۇققا سېلىش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە ئېلىپ كەپتىكەن، توغرا، چوقۇم شۇنداق، چوقۇم شۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ مېنى ئالداپ ئېلىپ كەپتۇ...

شۇلارنى ئويلاۋېتىپ، يۈرىكىمنى ئۆرتەپ تۇرغان ئاچچىق يىغامنى ھەر قانچە قىلىپمۇ باسالمىدىم. يىغلاش بىلەن ھەممە ئىشنى ھەل قىلغىلى بولسا ئىدى، شۇ تاپتىكى ئېچىنىشلىق يىغام بىلەن دەققە ئىچىدىلا ئاتا - ئانامنىڭ يېنىغا، ئۇلارنىڭ ئىللىق باغرىغا بېرىۋالسام...

مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان بولسام مېنىڭمۇ ئىستىقبالىم پارلاق بولار ئىدى. مۇشۇ تاپتا بۇرۇختۇملۇق ۋە سېسىقچىلىققا تولغان بۇ ياتاقتا ئەمەس، بەلكى سەن بىلەن بىللە تىنماي ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ھالەتتە، سېنىڭ يېنىڭدا بولار ئىدىمغۇ ھە؟! شۇنداق بولغان بولسا بۇنداق ھاقارەتلىك ئېغىر كۈنلەرنىمۇ كۆرمەس ئىدىم. يەنىلا ئۆزۈمدىن ئاغرىنسام بولىدۇ، ئويۇنغا بېرىلىپ ياخشى ئوقۇماي، ئۆيدىكىلەر «مەكتەپكە بار!» دېسە، سېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇپ ئۆزۈم دەرستىن قېچىپ يۈرۈپتىكەنمەن، جېنىم ئاداش، ئەمدى ئويلىسام بەك پۇشايمان قىلىمەن. ئاشۇ ۋاقىتلارنى ياندۇرۇپ كەلگىلى بولسا ئىدى، قانچىلىك بەدەل كەتسىمۇ باش تارتماي، ئەركىنلىكىمنى،

بەختىمنى، بىلىم ئېگىلەش پۇرسىتىمنى قايتا قولغا كەلتۈرۈۋالغان بولسام، ھازىرقى پۇشايمانلىق، ئازابلىق ھاياتىمغا خاتىمە بېرەلىگەن بولسام...

قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، ئەتىسى پۈتۈن بەدىنىم ئورۇپ چىقىۋەتكەندەك، بېشىم ھازىرلا پارتىلاپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىۋاتقان، كۆڭلۈم ئاينىپ، يانىدۇرغۇملا كېلىدىغان، كەيپىم ئوسال بىر ھالەتتە ئويغاندىم. قەدەملىرىم ئېغىر، روھىم چۈشكۈن ئىدى. ھېچ ئىش قىلغۇمۇ كەلمەيتتى. سەل ـ پەل ئويغىنىپ قالارمەن دەپ ئۆزۈمنى قانچە زورلاپ باققان بولسامۇ گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى.

كۆڭلۈمدىكى گۇمان، تەشۋىشلەر ئىچىمنى تاتىلاپ ھېچ ئارام بەرمەيتتى. ئولتۇرسام ـ قوپسام «ئەيدىز بولۇپ قالارمەنمۇ» دېگەن مۇدھىش خىيالنىڭ ئىسكەنجىسىدە قىينىلاتتىم. ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسام قانداق قىلارمەن؟ يۇرتقا قايتالامدىمەن، ئۆلۈكۈم مۇشۇ يەرلەردە سېسىپ كېتەرمۇ؟ ئاتا ـ ئانامنى كۆرەلمەي، ئۆلەرنىڭ ئىللىق باغرىنى يۇرتۇمنى ياقالماي، مۇشۇ يات شەھەرلەردە بىچارىلەرچە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟...

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇ تەشۋىشلىرىم بارا ـ بارا تارقاپ، دىلغۇللۇقلارنى ئۇنتۇشقا باشلىدىم. ئادەم دېگەن ئاجايىپ غەلىتە بولىدىكەن، دەسلەپ بۇ ئىش توغرىلىق ساراسىمىگە چۈشكەندە خۇددى نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قېلىۋېدىم. مانا ئەمدى بۇ قورقۇنچلار ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ، ئورنىنى ئىلگىرىكىدەكلا خۇشاللىق ئىگىلىدى. ئەڭ مۇھىمى، شۇ ئىشتىن ساۋاق ئالدىم، ئۇنداق يولدا ماڭسا ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق خىيال، ئازابلىق پۇشايمان ئوتلىرىدا ئۆرتىنىپ، كۈندە نەچچە ئۆلگەندەك قىينىلىپ ياشايدىغىنىمنى، شۇڭا ئەمدى ئىككىنچىلەپ ئۇنداق مەينەت كوچىغا، مەينەت ھەۋەس يولىغا كىرىپ قالماسلىقىم كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم.

ۋاقىت تولىمۇ تېز ئۆتىدىكەن. ئاتا ـ ئانامنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى، سېنى سېغىنغىنىمدا ئىنتايىن ئاستا ئۆتۈپ جېنىمنى ئەكەكدىگەن ۋاقىت تۇيدۇرماستىن بىر مۇنچە ۋاقتىمنى، بىغۇبار، غەمسىز چاغلىرىمنى ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ يەرگە كىرگىلىگىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىلدىن ئېشىپتۇ. يۇرت سەۋداسى، ئۆيدىكىلەرنى سېغىنىش پىراقىدا ساراڭ بولاي دېدىم، شۇڭا يۇرتقا بېرىپ كېلىشنى قارار قىلدىم. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى گۇلمىرە ھەم ئۇنىڭ ئاكىلىرى بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدا خېلى يېقىن بولۇپ قالغان، ھەتتا مىجەز ـ خۇلق، ئوي ـ پىكىر جەھەتلەردىمۇ ئىنتايىن كۆنۈشۈپ كەتكەن ئىدىم. ھازىر ئۇلارغا قانداق ئىشىم، نېمە گېپىم بولسا قورۇنماي، ئەركىن ـ ئازادە، بىمالال دېيەلەيتتىم. ئۇلارمۇ مېنىڭ ھەر قانداق ئىشىم ۋە گېپىمگە ئېتىبارسىز

قاردىمايتتى. گۇلمىرە ئىككىمىزمۇ ئاشـــكارا مۇھەببەتلەشـــتۇق، تېخى كېيىن يۇرتقا قايتىپ توي قىلماقچىمۇ بولدۇق.

بۇ قېتىم گۇلمىرە ئاكىلىرى بىلەن قالدى، مەن ئۆيدىكىلەرنى يوقلاش ئۈچۈن يۇرتقا قاراپ يولغا چىقتىم.

ئاتا ـ ئانام مېنى كۆرۈپ ئېيتىپ تۈگەتسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇلارنىڭ ماڭا بۇنچىۋالا ئامراق ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم. مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلاپ بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆيىمىزگە كېلىپ، مەندىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مۇڭداشـــتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىدىن ۋە ماڭا بولغان مۇھەببىتىدىن تولىمۇ ســـۆيۈندۈم، ئېيتىخارلاندىم. ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق مېھرىنىڭ بۇ قەدەر چوڭقۇر بولىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئىشقىلىپ، ئۆزۈمنى ئاجايىپ بەختىلىك سەزدىم.

ئۆيگە كېلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشـــكەندىن كېيىنكى قىلغان تۇنجى ئىشـــىم دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزۈمنى تەكشـــۈرتۈش بولدى. يېزىمىزدىكى دوختۇرخانىدا تەكشـــۈرتســـەم، تونۇش ـ بىلىشـــلەر دوختۇرخانىغا كىرىپ چىققىنىمنى كۆرۈپ قالســـا باشـــقىلارغا دەپ قويۇشـــىدىن قورقتىم. ئەگەر راســـتىنلا شـــۇنداق كېســـەل يۇقتۇرىۋالغان بولســـام دوختۇرلار بۇ ئىشـــنى باشـــقىلارغا دەۋېتەرمۇ؟ «ئۆيۈڭدىكىلەرنى چاقىر» دەپ تۇرىۋالارمۇ؟... دېگەندەك ئەندىشـــىلەردىمۇ بولدۇم. شۇڭا باشقا ناھىيەگە بېرىپ، مېنى ھېچكىم تونۇمايدىغان جايدا تەكشۈرتتىم.

تەكشـــۈرۈشـــكە مەســـئۇل دوختۇرنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئىككى ســـائەتتىن كېيىن تەكشـــۈرۈش نەتىجىسىنى ئالغىلى كەلدىم. دوختۇر ئىجىر ـ مىجىر خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغان دىئاگنوز قەغىزىنى تەپســـىلىي كۆردى ھەمدە قوشـــۇمىســـىنى تۈرۈپ بىر دەم ئۈنســـىز ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ ھال ئەندىشەمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

دوختۇر بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزەينەك ئاستىدىكى سىنچى كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى ھەمدە سالماقلىق بىلەن:

ـ سىز ئەڭ ياخشىسى يوقۇرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا بېرىپ تەكشـــۈرتۈپ بېقىڭ، چوقۇم مۇشـــۇنداق كېســـەل دەپ كېســـىپ ئېيتالمايمەن، چۈنكى تەكشـــۈرۈش نەتىجىلىرىمۇ بەزىدە خاتا چىقىپ قالىدۇ. مەنمۇ بۇ نەتىجىنىڭ خاتا بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن...

دوختۇرنىڭ قولىدىن ماڭا تەڭلەنگەن دىئاگنوز قەغىزىنى ئالدىم، ئەمما كېيىنكى گەپلەر قۇلىقىمغا كىرمىدى. ئىشىكتىن قانداق چىقتىم، قايسى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، قايسى يول بىلەن مېڭىپ يېنىپ چىقتىم، بۇلارنى ئىلغا قىلالمايمەن. كاللامدا جاننى ئالغۇدەك قورقۇنچلۇق ۋەھىمە.

ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، دوختۇرنىڭ ھەممە گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىسامۇ بولغان ئىكەن، ھۇشۇمنى بىلىپ سەل ئۆزۈمگە كەلگىنىمدە ناھىيە مەركىزىدىكى چوڭ يولدا تۇرغانلىقىمنى ئاڭقىرالىدىم. ئەمدى ھېلىقى دوختۇرنىڭ يېنىغا «بايا گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىمايلا چىقىپ كەتكەن، ئەمدى داۋامىنى دەپ بېرىڭ» دەپ كىرگىلى بولمىسا!...

سالپايغان پېتى ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. شۇ كېچە پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىڭ يىلدەك مۈشكۈل ئۇزاقتا تاڭ ئاتتى.

ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ، نەچچە دورا دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدىن ئارىلاپ، چۆرگىلەپ يۈردۈم، لېكىن ئىچىگە كىرىشكە پېتىنالمىدىم. ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى چەترەك كوچىغا جايلاشقان كىچىك بىر دورا دۇكىنىغا ئەيمىنىپقىنا كىردىم. دورىخانا خوجايىنى خەنزۇ بولۇپ، كىرىشىمگىلا مەندىن ئەھۋال سورىدى ۋە چالا ئۆگۈنىۋالغان ئۇيغۇر تىلىدا:

ـ ساڭا نېمە دورا لازىم؟ ـ دەپ سورىدى.

مەن گەپ قىلماستىن ئۇنىڭغا تەكشۈرۈش قەغىزىنى سۇندۇم ھەمدە نەچچە يىل ئىچكىرىدە يۈرۈش جەريانىدا خەنزۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، سۆزلىشىپ يۈرۈپ ئۆگەنگەن ئۆلچەملىك خەنزۇ تىلىدا سۆزلەپ:

ـ بۇ قەغەزدە نېمە كېسەل دەپ دىئاگنوز قويۇلۇپتۇ، شۇنى ئوقۇپ بەرگىن، ـ دېدىم.

دورىخانا خوجايىنى قەغەزنى قولۇمدىن ئېلىپ، گازىر كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ماڭا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ قېلىقى جىددىيلىكىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۋەتتى. يۈرىكىم ئالدىمدىكى كىشىگە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە دۈپۈلدەپ سوقاتتى. دورىخانا خوجايىنىنىڭ كۆزلىرىدە مەنسىتمەسلىك ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى. شۇ ھامان كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ، خىلمۇ ـ خىل دورىلار تۈرى بويىچە تىزىۋېتىلگەن دورا ئىشكاپىغا قارىۋالدىم.

ـ ھەي، نەلەردە يۈرۈپ يۇقتۇرىۋالغانسەن ھە؟ ئەيدىز كېسىلى بولۇپ قاپسەنغۇ؟!ـ دېدى دورىخانا خوجايىنى غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئارىلاش چىقراق ئاۋازدا.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭقىرالمىدىمۇ ياكى خاتا ئاڭلىۋالغانىدەك تۇيغۇدا بولۇپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ گەپ - سۆز قىلماي قاراپ تۇرىۋەردىم. ئۇ ئەينەك ئۇستەلگە ۋاققىدە بىرنى مۇشتلاپ:

- سېنى دەۋاتىمەن ھەي يىگىت، ئەيدىز بولۇپ قاپسەن دېسەممۇ ھاڭۋاقتىدەك قاراپ تۇرىسەنغۇ؟ - دېدى.

ئىككىنچى قېتىم دېيىلگەندە بۇ گەپنى ھەقىقەتەن ئېنىق چۈشەندىم. تاپىنىمدىن كىرگەن بىر ئاغرىق يۈرىكىمگە بېرىپ، نەچچە قوچۇپ توختىدى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرغۇم كەلمىدى. شۇڭا ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ:

- بۇ دىئاگنوز مېنىڭ ئەمەس، باشقا بىرسىنىڭ. ئۆزى قورقۇپ كەلگىلى ئۇنىمىغانتى، شۇڭا تەكشۈرۈش قەغىزىنى كۆتۈرۈپ كەلدىم، - دېدىم ھەمدە دىئاگنوز قەغىزىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ دورىخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

شۇ يەردىن چىققىنىمچە قاتتىق يۈگۈردۈم. ھېرىپ ھالىمدىن كەتكۈچە، ئۇستىبېشىمدىن پۇرۇلداپ تەر قۇيۇلغىچە، پۇتلىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ، قەدەم ئالغۇدەك ماغدۇرۇم قالمىغىچە يۈگۈردۈم. نەلەرگە بېرىپ، نەلەردىن ئايلىنى ئۆتتۈم، تونۇش - بىلىشلەر ئۇچرىدىمۇ - يوق، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ساراڭلارچە يۈگۈردۈم. بىر چاغدا ھېرىپ - ھاسىراپ يىقىلىپ چۈشەي دېگەندە ئاندىن جايىمدا توختىدىم. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ، ماڭا خۇددى قىزغۇچ شەپەق ئاسماننىڭ باغرىنى كۆيدۈرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئېغىرلاشقان قەدەملىرىمنى تەسلىكتە يۆتكەپ، يېزىمىزغا ماڭىدىغان بېكەتكە كەلدىم. ئاپتوبۇسقا چىقىپ قاتتىق ئورۇندۇقتا بىر ئولتۇرغىنىمچە تۈگىمەس خىياللار قوينىغا غەرق بولۇپ كېتىپتىمەن. ئاپتوبۇسنىڭ تاشلىق يوللاردا سىلكىنىپ، تەۋرىنىپ مېڭىشلىرىمۇ، ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىمۇ خىياللىرىمنى بۇزالماپتۇ. بىر چاغدا قاتتىق بىر قولنىڭ تۇرتۇپ نوقۇشىدىن ئېسىمگە كەلدىم.

- ئۇكاموي، ئەھۋالىڭ ياخشىمىدۇ؟ ماشىنا بېكەتكە كېلىپ بولغىلى نە ۋاخ، سەن يەنە ئولتۇرىسەنغۇ؟... - دېدى چىرايى ماڭلىشاڭغۇ كەلگەن سېمىز شوپۇر ماڭا نارازى بولغان قىياپەتتە قاراپ.

- ھە... كەچۈر ئاكا، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن...

قولۇمدىكى تىتىلىپ كېتەي دەپ قالغان دىئاگنوز قەغىزنى مىجىقلىغىنىمچە ئاستا ماشىنىدىن چۈشتۈم.

بوسۇغىدىن ئاتلىشىم بىلەن مېنى ساقلاپ يولۇمغا قاراپ ئولتۇرغان مېھرىبانىم ئانام خۇشلۇقىدا كىيىكتەك تاقلىغىنىچە ئالدىمغا كەلدى. بىردىنلا يۈرىكىم ئېچىشتى، ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا ئانامنىڭ باغرىغا تاشلاندىم...

ئۆلۈم ۋەھىمىسى ۋە ئەتىگەندىن بىرىقى ھاردۇق سەۋەبىدىن روھسىزلا ئىدىم. پەقەت ئانامنىڭ يېنىدا جىقراق تۇرىۋالسام، ئۇنىڭ مېھرىگە، ھىدىغا قېنىۋالسام دەپلا ئويلايتتىم. دادام يېنىمدا بولسا، قولۇمنى قويۇۋەتمىسە دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. خۇددى ئا تا - ئا نام مېنى ھەممە پالاكەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرالايدىغاندەك، ئۇلارلا مېنى ئەجەل قوينىدىن تارتىپ چىقرالايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇ مەرەز كېسەلنى يۇقتۇرىۋالغان ئىكەنمەن، ئاقىۋىتىمنىڭ چوقۇم ئۆلۈم بولىدىغانلىقى ياخشى بىلەتتىم. مانا مۇشۇنداق بىلىش بىلەن ئېتىراپ قىلما سلىق، ئۈمىد بىلەن ئۈمىد سىزلىق ئارىسىدا تېڭىرقاپ، ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. كا شكى شۇ نەس باسقۇر شەھەرگە، ھېچبولمىغاندا ئاشۇ ئالۋاستىخانىغا بارمىغان بولسام...

- سەن ئەيدىز!... سەن دېگەن ئەيدىز!...

بۇ ئاۋاز قۇلاق تۈۋىمدىن زادىلا كەتمىدى. مەيلى نەدە بولاي، مەيلى نېمە ئىش قىلماي، مۇشۇ ئاۋازنىڭ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغىنى جاراڭلىغان، ئىچ - باغرىمنى يېگىنى يېگەن ئىدى. قانداق قىلمەن؟ مەن زادى قانداق قىلسام بولىدۇ؟ ئاھ خۇدا! ياش ھاياتىم مۇشۇنداقلا نابۇت بولارمۇ؟! مەن تېخى ئاتا - ئانامغا قانمىغان ئىدىمغۇ!؟ ئىنىم بىلەن سىڭلىم... ئۇلار كېيىنكى ئۆمرىدە ماڭا تايىناتتى ئەمەسمۇ؟ مەن قانداق ئاكا؟ مەن ئاكا بولالىدىممۇ؟! قۇدرەتلىك ئىگەم، شۇ بىر قېتىملىق گۇناھىم ئۈچۈن مېنى مۇ شۇنداق ئېغىر جازالام سەن؟ ئاتا - ئانام قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلار چوقۇم قان يىغلايدۇ؟ سەندىن ئۆتۈنەي، مېنى ئۇلاردىن ئايرىۋەتمىگىن! ئۆتۈنۈپ قالاي!...

كېچە - كېچىلەپ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. راست ئەمەسمۇ؟ ماڭا ئوخشاش بېشىدا تا غدەك ئېغىر غېمى بار ئادەم قانداقمۇ ئۇخلىيالسۇن؟ بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆزىتىۋاتىمەن، ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى قانداق ئۆتكۈزىۋاتىمە، بۇنى بىر ئاللاھ بىلىدۇ. ئىشقىلىپ ئىچىم تىنىپ كەتتى.

كىچىكىمىزدە ھەمىشە بىللە ئوينايدىغان، كېيىنچە بارلىق مۇڭلىرىمىزغا شاھىد بولۇپ قالغان ھېلىقى سۆگەتنىڭ تۈۋى مەن دائىم بارىدىغان بىردىن - بىر جاي بولۇپ قالدى. بۇ يەردە قانچە

ئۆزۈن ئولتۇرســـــامۇ ھېچكىم ماڭا دەخلى قىلمايتتى. ئەڭ مۇھىمى بۇ يەردە ئىككىمىزنىڭ بالىلىق ئەسلىمىلىرىمىز ھەم تالاي سىرلىرىمىز بار ئىدى. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرسەم سەن بىلەن مۇڭداشقاندەك بولۇپ قالاتتىم. چۈنكى خىيالىمدىكى ساڭا غايىبانە ھالدا ھەممە گەپلىرىمنى دەيتتىم، پىغانىمنى تۆكەتتىم. ساڭا بولغان سېغىنىشىمنى شۇ ئارقىلىق باساتتىمكى، ئىچىمدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىمنى ماڭا شۇنداق تۆكەتتىم.

جېنىم دوستۇم، سەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ياكى تەتىل قىلىپ كەلگىچە مەن ھاياتىمۇ ياكى ئەجەل قوينىغا مەھكۇم بولامدىم، بۇنى بىلمەيمەن. بىراق ئاخىرقى تىنىقلىرىمدا بولسىمۇ سېنى بىر كۆرۈۋېلىشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىمەن. نېمانچە ئەقىلسىز بولغىيدىم ھە؟ ياخشى ئوقۇپ سەن بىلەن بىللە ئالىي مەكتەپكە كەتكەن بولسام بۇ كۈنلەرگە دۇچار بولماس ئىدىمغۇ...

كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتىمەن. بۇ گەپنى ئەڭ دەسلەپ ئانام دېگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەينەكتىكى ئەكسىمگە سەپسېلىپ قاراپ ھەقىقەتەن شۇنداق بولغانلىقىنى سەزدىم. كۆڭلۈم غىزا تارتىپ گېلىمدىن بىر نەرسە ئۆتسە نېمە دەي!...

بۇنداق كېسەل بولۇپ قالغىنىمنى ئۆيدىكىلەرگە ئۇقتۇرسام بولمايتتى. ئۆيدىكىلەرگە ئەمەس، ھېچكىم ـ ھېچكىمگە ئۇقتۇماسلىقىم كېرەك ئىدى. بولمىسا ئائىلەمدىكىلەرنىڭ يۈزىنى تامام تۆكۈپ بولاتتىم. «ئۆيدىكىلەرگە يۇقتۇرۇپ قويارمەنمۇ» دەپ ئەنسىرەپ، كۈنبويى دەككە ـ دۈككىدە يۈرەتتىم. تاماق يەيدىغان قاچا ـ قۇچىلىرىمنى ئايرىۋېلىپ، ئۆزۈم يۇياتتىم ھەم ھوجرا ئۆيۈمگە ئەكىرىۋېلىپ، ئايرىم يەردە ساقلايتتىم. ئۆيدىكىلەر سەۋەبىنى سورىسا «ئىچكىرىدە ھەممىمىز مۇشۇنداق قىلىمىز، شۇڭا كۆنۈپ قاپتىمەن» دەيتتىم. بۇ كەمگىچە بەلكىم ئىچكىرىدە قالغانلارمۇ ھەممىسى مۇشۇنداق قىلىدىغان كۈنگە قالغاندۇ، ياكى بۇنداق كۈنگە قالىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەي، بىخۇد ھالەتتە يەنە شۇ مەينەتخانىلاردا لەيلەپ يۈرۈشىدىغاندۇ. ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ كۈنلىرىمۇ ئۆزۈاققا قالماي مېنىڭدىن قېلىشقۇسىز بولىدۇ.

يېزىمىزدەك نامرات، چەت رايۇنلاردا نەدىمۇ بۇ خىل كېسەلنى داۋالايدىغان دورا ـ ئوكۇللار بولسۇن؟! باشقا جايلارغا بېرىپ داۋالىتاي دېسەم ئۇنىڭغا يەتكۈدەك پۇل نەدە؟ ئىچكىرىدە ئوغۇرلۇق قىلىپ تاپقان، گۈلمىرەنىڭ ئاكىلىرى «سېنىڭ ئۈلۈشۈڭ» دەپ بەرگەن پۇللاردىن ئاياپ يىغىپ قويغان 15000 يۈەننى ئىچكىرىدىن چىقىپ ئۆيگە كەلگەن كۈنۈم ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىدا قويغان، شۇ سەۋەپلىك ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، «ۋاپادار، يارامىلىق بالىسى» بولىۋالغان ئەمەسمىدىم؟ ئەمدى بولغاندا ئۇلارغا «پۇل بېرىڭلار» دەپ بېزىرىپ تۇرالايتتىممۇ؟ توۋا، ئۇيالماستىن، يۈزۈمنى قىزارتىپمۇ قويماي ئوغۇرلۇق قىلىپ تاپقان پۇللىرىمنى مېنى ھالال قان ـ

تەرى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان ساپ نىيەتلىك، خىزىردەك ئاق كۆڭۈل ئاتا ـ ئانامغا بېرىپتىمەن. ئۆزۈم ھارام تېپىپ، ھارام يەپ، خەقنىڭ رىسقىنى تارتىۋېلىپ بايلىق توپلاپتىمەنۇ، ئۆزۈمنىڭ ھارام پۇللىرى ھەم كەچۈرگۈسىز گۇناھلىرىمغا ئاتا ـ ئانامنىمۇ شېرىك قىلىپ قويۇپتىمەن! ئېسىت! شۇ چاغلاردا ئەقلىم نەگە كەتكەن بولغىيدى؟!...

ئەكبەر، جېنىم ئاغىنە، مەن بەك ۋىجدان ئازابى تارتىپ كەتتىم. نەچچە يىللاردىن بىرى مەن پۇللىرىنى، يان تېلېفون، ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت، قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى ئوغۇرلىغان، سومكىلىرىنى بۇلىغان كىشىلەرنىڭ ئاھى تۇتقان ئوخشايدۇ. ئېشقىلىپ پات ئارىدا ئۆلىدىغانلىقىم ئېنىق، ئۇنىڭسىزمۇ مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىم ئېنىقلانغاندىن بىرى كۈندە نەچچە رەت ئۆلۈۋاتىمەن. يىغلىغانغا كۆز ياش قۇرۇمايدىكەن، ئېچىشقانغا، ئاغرىغانغا يۈرەك سېسىپ تۈگىمەيدىكەن. لېكىن ئادەم ئادەمدەك ياشىيالمايدىكەن ياكى ئۆلەلمەيدىكەن جېنىم دوستۇم...

بىر نەچچە قېتىم ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلاپ باقتىم. لېكىن جۈرئەت قىلالمىدىم. قايسى بىر چاغلاردا مەھەللىمىزدىكى خاتىپ ئاخۇنۇمنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋېتىپ «مۇسۇلمان ئادەم ئۆز جېنىغا قەست قىلىپ ئۆلىۋالسا ئىمانسىز پېتى كېتىدۇ» دېگەن گەپلىرىنى ھېلىھەم ئېسىمدە. يەنە كېلىپ، مەن ئۈچۈن سەكپارە بولىۋاتقان ئاتا ـ ئانامنى، ئىنى ـ سىڭىللىرىمنى مۇشۇ سەۋەبتىن ئازابىدا قويغۇم كەلمىدى. مەن ھامان ئۆلۈپ كېتىمەن، ئۇلار چوقۇم ئازابلىنىدۇ. بىراق ئۆلىۋالسام ئۇلارنىڭ تېخىمۇ بەكرەك ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا ئۇنداق قىلالمىدىم.

ئاداش، قولۇم تىترەيدىغان، بېشىم قېيىپ ئۆرە تۇرغىدەك ماغدۇرۇم قالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ھازىر سۆگەت تۈۋىگە چىقىشامۇ ئانام ياكى ئىنىم يۆلەپ ئەكىرىپ كەتمىسە يېنىپ كەلەلمىگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى. سەن زادى قاچانمۇ كېلەرسەن؟ سېنى بىر كۆرىۋالسام بولاتتى. بۇ خاتىرىنى ساڭا ئۆز قولۇم بىلەن بېرىۋالسام بولاتتى، جېنىم ئاداش. بەلكىم ھېچقانچە ئۆمرۈم قالمىغاندۇ، لېكىن بۇنى ساڭا بىلدۈرۈشكە ئامالسىزمەن. دېھقان ئادەملەر شەھەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلىپ بولالمايدىكەن. نەدىلىكىڭنى سورىغىنىمدا ئاناڭ:

ـ قايسى بىر شەھەر دەۋاتقانتى، كاللىمىزغا چۈشمەيدىكەن بالام، ئۇ ئىچكىرى دېگەن يەردە ھەممە نېمە قىممەتمىش، بىچارە بالا بىز ئەۋەتكەن تۇرمۇش پۇلىنى تېجەيمەن دەپ تېلېفون سېتىۋېلىپ ئىشلىتىشكىمۇ كۆزى قىيماپتۇ. ئاممىۋى تېلېفونلاردىن تېلېفون قىلاتتى. تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر تېلېفون بېرىپتىكەن. بۇدا تېلېفون قىلساڭ سىزنىڭ ئىزدىگىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ قويىمەن، بالام. خاتىرجەم بولۇڭ، ـ دېدى.

ساناقلىقلا ئۆمرۈم قالغان تۇرسا، قانداق خاتىرجەم بولالايمەن؟

ئېشقىلىپ تېلېفوننى بەكلا كېچىكىپ سېتىۋالدىڭ. شۇنىڭغىمۇ شۈكرى، ھەر ھالدا خەۋىرىڭنى ئالىدىغان بولدۇم. ساڭا تېلېفون بېرەي دەپ نەچچە قېتىم نومۇرۇڭنى كىرگۈزۈپ، تېلېفوننى ئۆلاپ بولۇپ، يەنە ئۈزىۋەتتىم. تېلېفوننى بالدۇرراق ئىشلەتسەڭ بولماسمىدى؟! ئەھۋالىم ياخشى چاغلاردا تېلېفون تۇتقان بولساڭ، ھېچبولمىسا بار يېرىڭنى بىلگەن بولسام، يېنىڭغا بېرىپ دىدارىڭغا قېنىۋالماسمىدىم! ئۆيۈڭدىكىلەردىن يان تېلېفون تۇتقانلىقىڭنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئالەمنى بەرگەندەك خۇش بولۇپ كەتتىم. نومۇرۇڭنى بىر پارچە قەغەزگە خاتىرىلىۋېلىپ، ئۆدۈل سۆگەت تۈۋىگە چاپتىم. بىراق يەنىلا ئۇرالمىدىم. نېمانچە قورقۇنچاق، يارامسىز، يىغلاڭغۇ بولۇپ كەتتىم ھە؟!...

خاتىرىدىكى مەزمۇنلار مانا مۇشۇنداق ئاخىرلاشقان ئىدى. كەينىدىكى ئاق قالدۇرۇلغان ۋاراقلارنى بىرمۇ - بىر ئۆرۈپ ئاختۇرغان بولساممۇ نە بىر دانە چېكىت، نە بىر تال پەش ئۇچرىمىدى. دېمەك، ئادىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بايانلىرى شۇ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ داۋامىنى يېزىشقا مۇۋەپپەق بولالماپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆلگۈرمەيلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ...

ئاھ يۈرەك، نېمانچە ئاغرىيدىغانسەن؟ ئۇنىڭغا تارتىشتىڭمۇ؟ ئېيتقىنا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكۈڭ بارمىدى؟ نېمانچە ئېغىر ئازاپ بۇ؟ قانداق چىدارمەن؟ قانداقمۇ چىداپ بولارمەن؟... ئادىلمۇ مۇشۇنداق قىينالغان بولغىيمىدى؟ مەن ئۇنىڭغا چىدىمىغاندەك، ئۇمۇ ماڭا چىدىماي، كۆزلىرى كەينىدە كەتكەن بولغىيمىدى؟ كاشكى جانجىگەر ئاغىنەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىدە يېنىدا بولالىغان بولسام، قوللىرىنى تۇتۇپ تەسەللىي بېرەلىگەن بولسام...

باغرىمنى ھەرە بىلەن تىلغاندەك ئېچىشتۇرۇپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىم ئەمدى توختىمايدۇ. ئۇ توختىسا توختار، لېكىن يۈرىكىمنىڭ كۆيۈشى، ئازابلىق سېغىنىش مەڭگۈ توختىمايدۇ...

يانغىن ئېلكىتابلىرى

# ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار : يانغىن ، تەبەسسۇم ، ***oqugin***

www.yanghin.cn www.yanghin.net

admin@yanghin.net kitab@yanghin.net